# شىنجاڭ گېزىتى

2020- يىل 9- ئاي
19
شەنبە
维吾尔文 9 月19日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57    ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com    25189- سان    بۈگۈن 4 بەت


## ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلغانلىق

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئەمگەك ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ماھىيەتلىك پائالىيىتى، ئەمگەك ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈردۇ. ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئادەمنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قوغدىغانلىق، كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلغانلىق.

9- ئاينىڭ 17- كۈنى، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى «شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىي ئەھۋالى، ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق- مەنپەئىتىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىش، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش قاتارلىق ئالتە جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، خەلق رايى قۇرۇلۇشى،

(ئاخىرى 3- بەتتە)

### شى جىنپىڭ خۇنەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا يېڭى يول ئېچىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك خۇنەننىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش كېرەك



9- ئاينىڭ 16- كۈندىن 18- كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ خۇنەندە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 9- ئاينىڭ 17- كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ چاڭشا شەھىرىدىكى شەنخې ئەقلىي ئىقتىدارلىق جابدۇق پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا جابدۇق ياساش تەرتىپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش- ياساش ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى



9- ئاينىڭ 16- كۈندىن 18- كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ خۇنەندە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 9- ئاينىڭ 16- كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ چېنجوۋ شەھىرىنىڭ رۇچېڭ ناھىيەسى ۋېنمىڭ ياۋزۇ يېزىسى شاجوۋ ياۋزۇ كەنتىدە كەنت ئاھالىلىرى ۋە ساياھەتچىلەر بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇرماقتا.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى يۈ يۆۋېي فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 9- ئاينىڭ 18- كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا خۇنەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر- ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، ئىلغار ياسىمىچىلىقى، يادرولۇق رىقابەت كۈچىگە ئىگە پەن- تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا يېڭى يول ئېچىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش داۋامىدا يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ خۇنەن يېڭى سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈش كېرەك.

9- ئايدىكى خۇنەن تۇپرىقى مول ھوسۇل شادلىقىغا تولغانىدى. 9- ئاينىڭ 16- كۈندىن 18- كۈنىگىچە، شى جىنپىڭ خۇنەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دۇ جياخاۋ، ئۆلكە باشلىقى شۇ داجېنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ چېنجوۋ، چاڭشا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يېزا، كارخانا، كەسىپلەر باغچە رايونى، مەكتەپ قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش- تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «14- بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى پىلانلاش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

9- ئاينىڭ 16- كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن چېنجوۋ شەھىرىنىڭ رۇچېڭ ناھىيەسى ۋېنمىڭ ياۋزۇ يېزىسى شاجوۋ ياۋزۇ كەنتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 1934- يىلى قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەردە بۇ يەردىن ئۆتكەندە تەسىرلىك «يېرىم يوتقان» ھېكايىسىنى قالدۇرغان.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

## تيەنجىن شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

### لى خۇڭجۇڭ، چېن چۈەنگو، لياۋ گوشۈن، شۆھرەت زاكىر، يىن خېجۈن، لى پېڭشىن پائالىيەتكە قاتناشتى



9- ئاينىڭ 17- كۈندىن 18- كۈنىگىچە، تيەنجىن شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۇدۇللاشتۇردى. سۈرەتتە: 9- ئاينىڭ 18- كۈنى، تيەنجىن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى خۇڭجۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، تيەنجىن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى لياۋ گوشۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر چىرا ناھىيەسىنىڭ جىننەن يېڭى كەنتىگە كېلىپ نۇرمەمەت مەتياسىن ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيارەت قىلدى، يوقلىدى.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ خەۋەر قىلدۇ: 9- ئاينىڭ 17- كۈندىن 18- كۈنىگىچە، تيەنجىن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى خۇڭجۇڭ، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى لياۋ گوشۈن تيەنجىن شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۇدۇللاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، تيەنجىن شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يىن خېجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن پائالىيەتكە قاتناشتى.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، تيەنجىن شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا ناھىيەسى، كېرىيە ناھىيەسىگە كېلىپ، كارخانا، يېزا- كەنت، مەكتەپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، شۇ جاينىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنى زىيارەت قىلدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

تيانشاننىڭ جەنۇبى- شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

## كۈچلۈك تەدبىر، قاتتىق چارە قوللىنىپ كويىنلۇندا جەڭ قىلىش

### —— يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان (5)

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ شياڭ

ئالتۇن كۈزدىكى 9- ئاي مول ھوسۇل پەسلى، قاغىلىق ناھىيەسى سايباغ يېزىسى گۈلباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى گۈلنار مەمەتتۇرسۇننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دائىم بىللە ئولتۇرۇپ ياڭاق ساتقان، ئىشلەمچىلىك قىلىپ تاپقان كىرىمنى ھېسابلاپ، ھەممىنىڭ قانچىلىك تومپايغانلىقىغا قاراپ باقاتتى.

كىچىككىنە ياڭاق گۈلنار ئائىلىسىدىكىلەرنى بۇلتۇر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى —— ئۇلار ياڭاق ئۆستۈردى، كارخانىلار ھەممىسىنى سېتىۋالدى، سېتىش غېمىدىن خالاس بولدى؛ ياڭاق ئاقلىدى، كەنت قۇرغان زاۋۇتتا ئىشلىدى، كۆپ ئىشلەپ كۆپ كىرىم قىلدى. گۈلنار مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ھەر قېتىملىق كىرىمنى ئائىلە ھېسابات دەپتىرىگە ئېنىق خاتىرىلەپ ماڭدى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىچىك ھېساباتلىرى بىرلەشتۈرۈلسە شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى چوڭ ھېساباتى بولىدۇ.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، نامرات نوپۇس بىرقەدەر كۆپ. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ نامراتلىق دەرىجىسى ئېغىر، نامرات نوپۇس «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى نامرات نوپۇسنىڭ يېرىمىغا يېقىنىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، يېڭىش ئەڭ قىيىن بولغان قاتتىق قىيىنچىلىق.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18- قېتىملىق يىغىنى مەخسۇس تېمىدا سۆزلەشتۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلدۇ: 9- ئاينىڭ 18- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18- قېتىملىق يىغىنى بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ،

(ئاخىرى 3- بەتتە)